# يا رەسۇلۇللاھ! مەن كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە ئەسرنى ئوقۇيالمىدىم، دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ئوقۇيالمىدىم دېدى، ئاندىن بەتھان دېگەن جايغا چۈشۈپ تاھارەت ئالدى، بىزمۇ تاھارەت ئالدۇق، رەسۇلۇللاھ كۈن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسىر ئوقۇدى، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن شامنى ئوقۇدى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: خەندەك غازىتى كۈنى قوياش پاتقاندىن كېيىن ئۆمەر كېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنى تىللىغىلى تۇردى، ئاندىن: يا رەسۇلۇللاھ! مەن كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە ئەسرنى ئوقۇيالمىدىم، دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ئوقۇيالمىدىم دېدى، ئاندىن بەتھان دېگەن جايغا چۈشۈپ تاھارەت ئالدى، بىزمۇ تاھارەت ئالدۇق، رەسۇلۇللاھ كۈن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسىر ئوقۇدى، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن شامنى ئوقۇدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

خەندەك غازىتى كۈنى ئۆمەر كۈن پاتقۇچە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيالمىغان ۋە قۇرەيش كاپىرلىرىنى تىللىغان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى، چۈنكى ئۇلار سەۋەبلىك بۇ نامازنى كۈن پاتاي دېگىچە ئوقۇيالمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ: مەنمۇ ئوقۇيالمىدىم دېدى، نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش ئۆمەرگە بەك ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر تاھارەت ئالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۈن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن ئەسىر نامىزىدىن كېيىن شامنى ئوقۇدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3450

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee